# ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشتە نەتىجە - ئۈنۈم كۆرۈلدى، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ «داۋالىنىش»تا يۆلەنچۈكى بار بولدى

(بېشى 1 - بەتتە)

خىزمەتچى خادىملار بىر ھەپتىلىك خىمىيەلىك داۋالاشنى تاماملىغان خوتەن ناھىيەسى خانئېرىق بازىرى پاچى كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى مەتتوختى ھەسەنگە ھەق ئېلىش ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈۋاتاتتى. «رەھمەت، سىياسەت ھەقىقەتەن ياخشى، كېسەل كۆرسەتسەك پۇل ئاز كېتىدۇ» دېدى مەتتوختى كەينى - كەينىدىن رەھمەت ئېيتىپ.

نامرات رايونلاردىكى ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىش ھەققىنى ئاتچوت قىلىش سىياسىتىنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز نامرات نوپۇسنىڭ ئاساسىي داۋالىنىشقا كاپالەتلىك قىلىشنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىنىڭ ئادىل، ئومۇمىي مەنپەئەتدار بولۇش، ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسىدا مايىللاشقان چىقىم قىلىش، داۋالاش - قۇتقۇزۇشقا تولۇق كاپالەتلىك قىلىش قاتارلىق ئۈچ قات كاپالەت ئارقىلىق يۈكنى پەلەمپەيسىمان يېنىكلىتىش مېخانىزمىدا چىڭ تۇرۇپ، ساغلاملىق كاپالىتىنىڭ تۆۋەن چېكىگە تىرەك بولدى.

ئېغىر كېسەل، سوزۇلما كېسەل دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىش، كېسەل سەۋەبىدىن قايتا نامراتلىشىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، شۇنداقلا ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتىدە چوقۇم يېڭىشكە تېگىشلىك قاتتىق قىيىنچىلىق. ئاپتونوم رايونىمىز نامرات نوپۇسنىڭ ئېغىر كېسەل بويىچە مەخسۇس قۇتقۇزۇش - داۋالاش دائىرىسىگە كىرگۈزگەن كېسەل تۈرىنى 37 خىلغا كېڭەيتىپ، داۋالاشقا تېگىشلىكلەرنى تولۇق داۋالاشنى ئىشقا ئاشۇردى، نامرات سوزۇلما كېسەللىك ئاغرىقلىرىغا قارىتا ئائىلە دوختۇرى كېلىشىم ئىمزالاپ مۇلازىمەت قىلىش - باشقۇرۇشنى قانات يايدۇرۇپ، ئالدى بىلەن دىياگنوز قويۇپ - داۋالاپ ئاندىن ھەق تۆلەش، بىر كۆزنەكتە راسچوت قىلىشنى يولغا قويدى... تۈرلۈك ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرى بىر - بىرلەپ ئەمەلىيلىشىپ، نامرات ئاممىنىڭ ساغلاملىق پايدىسىدىن ھەقىقىي بەھرىمەن بولدى.

## دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈلدى نامرات نوپۇس كېسەلنى ياخشى كۆرسىتەلەيدىغان بولدى

كېسەلنى كۆرسىتەلەيدىغان بولۇش، تېخىمۇ مۇھىمى كېسەلنى ياخشى كۆرسىتەلەيدىغان بولۇش كېرەك. بۇلتۇر 6 - ئايدا، گۇما ناھىيەسى پىشنا يېزىسى باش ئازغان كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئېلى ئابدۇمەت «ئەنخۇيىنىڭ شىنجاڭغا غەمخورلۇق قىلىشى» ساغلاملىق ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش ھەرىكىتىدىن مەنپەئەتلىنىپ، گۇما ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا ئۆزىنى بەش يىل ئازابلىغان يوتا سۆڭەك بېشى نېكروزلىنىش كېسىلىنى داۋالىتىپ ساقايتىۋالدى. بۈگۈنكى كۈندە ئېلى ھاسىسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، باقمىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، بېيىپ ھاللىق سەۋىيەگە يېتىش ئىشەنچىنى چىڭىتتى.

ئىلگىرى، گۇما ناھىيەلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي، خەتەرلىك، ئېغىر ئاغرىقلارنى قوبۇل قىلىپ داۋالاش ئىقتىدارى بولمىغاچقا، ئېغىر ئاغرىقلارنى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىغا يۆتكەيتتى. بۈگۈنكى كۈندە، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ھاۋالىلىك باشقۇرۇشىدا، شىنجاڭغا ياردەم بېرىش، شۇنداقلا قىسىمنىڭ ياردەم بېرىش - يۆلەش كۈچلىرى بىرلەشتۈرۈلۈپ، بۇ دوختۇرخانىنىڭ داۋالاش سۈپىتى، مۇلازىمەت ۋە باشقۇرۇش سەۋىيەسى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزگىچە «1 + 1 + 1 + X» ھاۋالىلىك باشقۇرۇش شەكلىدىكى ياردەم بېرىش - يۆلەش ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈلدى ھەم كەڭ كۆلەمدە كېڭەيتىلدى.

2 - قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، نامرات ناھىيەلەردىكى ناھىيە دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارنىڭ مۇلازىمەت ئىقتىدارى يېتەرلىك بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنى ئاساسىي ھۇجۇم يۆنىلىشى قىلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئۈچ دەرىجىلىك نىشانلىق ياردەم بېرىش - يۆلەش مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايون ئىچى - سىرتىدىكى، ئارمىيە ۋە يەرلىكتىكى 63 ئۈچىنچى دەرىجىلىك دوختۇرخانىنى ھاۋالىلىك باشقۇرۇش شەكلى، ئۈمەك تەشكىللەش شەكلىدە ياردەم بېرىش - يۆلەش ئەندىزىسى ئارقىلىق ئاپتونوم رايون بويىچە نامرات ناھىيەلەردىكى 32 خەلق دوختۇرخانىسى ۋە 24 جۇڭيى تېبابىتى تۈرىدىكى دوختۇرخانىغا ياردەم بېرىش - يۆلەشكە تەشكىللەپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى ناھىيەدىن چىقمايلا ئەلا سۈپەتلىك داۋالىنىش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن قىلدى.

بىر كومپيۇتېر، بىر تېلېكامېرا، ئالاقە تورى چەت، ياقا رايونلاردىكى تېببىي دىياگنوز قويۇش - داۋالاشنى ئېكران ئارقىلىقلا تاماملاشنى ئىشقا ئاشۇردى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز داۋالاش بايلىقىنى تەقسىملەش ۋە تۈزۈلمە - مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتە دەل جايىدا كۈچىدى، نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايونىمىز ناھىيە رايونى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك قانات يايدۇردى ھەم 45 ناھىيە(شەھەر، رايون)نى تاللاپ، زىچ تىپتىكى ناھىيە رايونى داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىشنى قانات يايدۇرۇپ، ئېغىر نامرات رايونلارنىڭ يىراق مۇساپىلىك داۋالاش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت - ئوبلاست، ناھىيە - شەھەردىن ئىبارەت ئۈچ دەرىجىلىك يىراق مۇساپىلىك داۋالاش مۇلازىمىتى سىستېمىسىنى تۇتاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنىڭ ئومۇملىشىشىنى كېڭەيتىپ، نامرات ئاممىنى باۋەرلەشكەن داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلىدى.

## دەل جايىدا ئالدى ئېلىندى نامرات نوپۇسنىڭ كېسەل بولۇشى ئازايتىلدى

كېسەلنى كۆرسىتەلەيدىغان بولۇش ۋە كېسەلنى ياخشى كۆرسىتەلەيدىغان بولۇشنىڭ ئارقىسىدىكىسى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي قاتلام داۋالاش - سەھىيە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكى. پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز يېزا - بازارلىق دوختۇرخانىلار ۋە كەنت داۋالاش ئۆيلىرىنى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئاشۇردى، داۋالاش ئورتاق گەۋدىسى، داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى ئەلا سۈپەتلىك داۋالاش بايلىقىنىڭ تۆۋەنگە چۈشۈشىگە ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدى، ئاپتونوم رايون بويىچە 898 يېزا - بازارلىق دوختۇرخانا، 8602 كەنت داۋالاش ئۆيى ئۆلچەملەشتۈرۈش قۇرۇلۇشى بىلەن تولۇق قاپلاندى.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايونىمىز ئاساسىي قاتلام داۋالاش - سەھىيە ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى زورايتىپ، كەنت دوختۇرى يوق نۇقتىلارنى ئومۇميۈزلۈك تۈگىتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش - سەھىيە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى تەدرىجىي كۈچەيتتى.

«ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش بىزنىڭ يېنىمىزدىكى ساغلاملىق قوغدىغۇچىسى، بۇ تەدبىر بىزنىڭ ساغلاملىقىمىزنى قوغدايدۇ.» بۇلتۇر ئومۇمىي خەلق سالامەتلىكىنى تەكشۈرتۈشتە خوتەن ناھىيەسى لايقا يېزىسى بۇدۇي كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ھاۋا باراتنىڭ كېسىلى بايقىلىپ ۋاقتىدا داۋالاندى، ئۇ ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈشنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى.

ئاز كېسەل بولۇش كېسەل سەۋەبىدىن نامراتلىشىش، قايتا نامراتلىشىشنى ھەل قىلىدىغان ماھىيەتتىن تۈزەش تەدبىرى. 2016 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويدى، شىنجاڭلىق شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى ھەر يىلى بىر قېتىم ھەقسىز سالامەتلىك تەكشۈرتۈشتىن بەھرىمەن بولىدۇ. ھەر مىللەت ئامما سالامەتلىك تەكشۈرتۈش ئارقىلىق كېسەلنى بالدۇر بايقاش، بالدۇر دىياگنوز قويدۇرۇش، بالدۇر داۋالىتىشنى ئىشقا ئاشۇردى، ساغلاملىق ئىدىيەسى «ئەڭ ئاخىرقى بىر كىلومېتىر، ئەڭ يىراق بىر ئائىلە كىشىلىرى»گىچە قاپلاندى. دىققەت ئاممىنىڭ ئېھتىياجىغا مەركەزلەشتۈرۈلۈپ، سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش تۈرلىرى ئۈزلۈكسىز ئەلالاشتۇرۇلدى، تېخىمۇ قاراتمىلىققا ئىگە قىلىندى.

ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى تەكشۈرۈش ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى باشقۇرۇشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىنىپ، كېسەل داۋالاشنى مەركەز قىلىشتىن ساغلاملىقنى مەركەز قىلىشقا ئۆزگەرتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئاھالىلەرنىڭ ساغلاملىق ئەھۋالىنى ئىلمىي تەھلىل قىلدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، سوزۇلما كېسەل، تارقىلىشچان كېسەللىكلەرنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇپ، كېسەللىك تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، شەھەر، يېزا ئاھالىلىرى ساغلاملىق سانلىق مەلۇمات ئامبىرى قۇرۇپ، سالامەتلىكنى تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە ئاساسەن ئۈنۈملۈك ئارىلىشىش، داۋالاش لايىھەسىنى تەھلىل قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى.

نامرات نوپۇسنىڭ كېسەل بولۇشىنى ئازايتىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونىمىز ھامىلدار، تۇغۇتلۇق ئاياللارنىڭ تۇغۇتتىن بۇرۇن ئايرىپ تەكشۈرۈش، يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقلار كېسەللىكلىرى بويىچە ئايرىپ تەكشۈرۈش ۋە ئاڭلاش ئىقتىدارىنى ئايرىپ تەكشۈرۈش، يېزا ئاياللىرىنى «ئىككى راك» كېسىلى بويىچە ئايرىپ تەكشۈرۈش قاتارلىق ئاياللار - بالىلار ساغلاملىقى بويىچە مۇھىم، زور ئاممىۋى سەھىيە تۈرلىرى ۋە تۇغما كەمتۈكلۈكنىڭ ئۇنىۋېرسال ئالدىنى ئېلىش - داۋالاش تۈرىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويدى ھەم نامرات رايونلارنى ئالدىنئالا قاپلاپ، نامرات رايونلارنىڭ نوپۇس ساپاسى ۋە ساغلاملىق سەۋىيەسىنى تىرىشىپ ئۆستۈردى. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنىڭ ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىشىگە، ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ پۇختا ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساغلاملىق ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيمەكتە.

خەلقنىڭ ساغلاملىقى ئومۇميۈزلۈك ھاللىق سەۋىيەگە يېتىشنىڭ ئاساسى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جەڭ مەيدانىدا نامراتلىق تۈگىتىلىپ ھەم كېسەللەر داۋالىنىپ، داۋالاش كاپالەت تورى زىچلاشتۇرۇلۇپ، ساغلاملىق ئاساسى پۇختىلىنىپ، ھەر مىللەت ئامما ساغلام بەدەن ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھىي قىياپەت بىلەن ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش مۇساپىسىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەلىك ئاساسىي نۇقتىسىدا چىڭ تۇرۇپ، زور كۈچ سەرپ قىلىپ سېلىنمىنى كېڭەيتىپ، ئىستېمالنى ئىلگىرى سۈرۈپ، زامانىۋى ئۆل ئەسلىھە تىرىكى سىستېمىسىنى پائال بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلاپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ زامانىۋىلىشىش سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، دۆلەت ئىچىدىكى چوڭ ئايلىنىشقا تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىش؛ بىر تەرەپتىن «غەربتىن كىرگۈزۈش، شەرقتىن ئېلىپ كېلىش» «شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش»تەك رايون ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئوچۇق ئىقتىسادنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئېچىۋېتىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى قوش ئايلىنىشقا پائال قاتنىشىش كېرەك.

## كۈچەش نۇقتىسى ۋە بۆسۈش ئېغىزىنى توغرا تېپىش

«يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا، چوقۇم كۆزلەش نۇقتىسى ۋە كۈچەش نۇقتىسىنى دەل جايىدا ئىگىلەش كېرەك.» ئەزا سۆك جيەنخۇا مۇنداق قارىدى: ئالدى بىلەن ئىچكى ئېھتىياجنى قاندۇرۇشنى ئاساسىي مەۋقە قىلىپ، ئىچكى ئېھتىياجنى كېڭەيتىش ئىستراتېگىيەسىنى يولغا قويۇپ، شىنجاڭنىڭ تەمىنات سىستېمىسىنىڭ دۆلەتنىڭ ئىچكى ئېھتىياجىغا ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەپ ئۆستۈرۈش كېرەك.

«پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق يېڭى ئەندىزىگە كۈچ قوشۇش كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى ھاجىئەكبەر ئەيسا جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيەسى شىنجاڭ فىزىكا - خىمىيە تېخنىكا تەتقىقات ئورنىنىڭ پەن - تېخنىكا خىزمەتچىسى، ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسى ۋە ئىختىساسلىقلار كۈچلۈك رايونى ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، پەن - تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش سۈپىسى قۇرۇلۇشىغا كۈچەپ تۈرتكە بولۇپ، ئاچقۇچلۇق يادرولۇق تېخنىكىلاردا تېزدىن بۆسۈش ھاسىل قىلىش، شۇنىڭ بىلەن بىللە، «بىر بەلباغ، بىر يول» لىنىيەسى بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق، كەڭ ساھەلىك خەلقئارا پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

بۇلتۇرنىڭ ئاخىرىدا، تارباغاتاي نۇقتىلىق ئېچىش، ئېچىۋېتىش سىناق رايونى گوۋۇيۈەننىڭ تەستىقىغا ئېرىشتى، بۇ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن كەلگەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىنى ئىنتايىن ھاياجانلاندۇردى. «بۇ، تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك پۇرسىتى، قىممەتلىك سىياسەت پۇرسىتى ۋە ئالاھىدە تارىخىي پۇرسىتى.» ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، تارباغاتاي ۋىلايەتلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى مۇقىيات جارمۇقامېت مۇنداق بىلدۈردى: تارباغاتاي مەۋقەنى سىناق رايونى قۇرۇلۇشىغا قويۇپ، بوشلۇق ئورۇنلاشتۇرمىسىنى تېز پىلانلاپ، زامانىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى، ياسىمىچىلىقتا يېڭىلىق يارىتىپ، تەرەققىي قىلىش بويىچە ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى ۋە ئېكولوگىيەلىك مەدەنىيەت - ساياھەتتە ئۆلگە كۆرسىتىش رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمى ئارقىلىق، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشقا تارباغاتاينىڭ تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

## پۇختا ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىش

يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش جەھەتتە، ئەزا سۆك جيەنخۇا مۇنداق قارىدى: شىنجاڭ نۇقتىلىق يولغا قويۇشقا بولىدىغان بىر قىسىم مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى ئايدىڭلاشتۇرسا بولىدۇ، مەسىلەن، ئەمەلىي ئىقتىسادنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش، زامانىۋى كەسىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىشنى تېزلىتىش، سانائەتنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش، ئىستراتېگىيەلىك يېڭىدىن گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىش، ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى سىجىل قوللاش، يېشىل تەرەققىياتقا ئەھمىيەت بېرىش قاتارلىقلار.

«كەسىپلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى شەكىللەندۈرۈشنىڭ ئاساسى.» ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپى بىرلەشمە كوپېراتىپى كېڭەشنىڭ مۇدىرى لى شۈەن مۇنداق بىلدۈردى: تەمىنات - سودا ھەمكارلىق كوپېراتىپىنىڭ شەھەر بىلەن يېزىنى باغلاش، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى جىپسىلاشتۇرۇش ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئەنئەنىۋى كەسىپلەرنى مۇستەھكەملەش، يۈكسەلدۈرۈش ئاساسىدا، ئېلېكترونلۇق سودا، سوغۇق زەنجىرلىك توشۇش، يېشىل ئىقتىساد، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق يېڭى كەسىپلەرنى كېڭەيتىپ، تەرەققىيات يېڭى كەسىپ ھالىتى، يېڭى ئەندىزىسى يېتىلدۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تۈرتكە بولۇش، تەرەققىيات شەكلىنى ئۆزگەرتىش، كەسىپ قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ئېشىش ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى ئالماشتۇرۇش ئارقىلىق، ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچنى كۈچەيتىپ، بازارنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتىمىز.

«يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتا، دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى چوقۇم تايانچلىق رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.» ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ يېڭى ئېنېرگىيە(گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى گاۋ جيەنجۈن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: شىركىتىمىز ئۈچ چوڭ تەرەققىيات يۆنىلىشىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ، بىرىنچىدىن، دىققەتنى كۈچەيتىش، ئەلالاشتۇرۇش، زورايتىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىگىلىكىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئەلالاشتۇرۇش ۋە قۇرۇلمىسىنى تەڭشەشنى تېزلىتىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش ئىستراتېگىيەسىنى قەتئىي يولغا قويۇپ، كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنى ئەلالاشتۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى تېزلىتىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، تىرىشىپ يېڭى ئېنېرگىيە ۋە پاكىز تېخنىكا، سانائەت ساھەسىدە ئېنېرگىيە تېجەپ مۇھىت قوغداش، بايلىقتىن دەۋرىيلىك ئۇنىۋېرسال پايدىلىنىش داۋامىدا زامانىۋى يېشىل كەسىپ سىستېمىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىدۇ.

ۋەكىللەر، ئەزالار مۇنداق بىلدۈردى: پۇختا ئالغا ئىلگىرىلەپ، تۇنجى قەدەمنى ياخشى ئېلىپ، يېڭى كەيپىيات ياراتقاندىلا، شىنجاڭ چوقۇم يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش داۋامىدا يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلالايدۇ.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز يېڭى ئېنېرگىيە ئارقىلىق جەمئىي 230 مىليارد كىلوۋات سائەت توك تارقىتىپ، 73 مىليون 600 مىڭ توننا ئۆلچەملىك كۆمۈرنى كۆيدۈرۈشنى ئازايتقان، بۇ، 200 مىليون توننا كاربون (IV) ئوكسىدى، 620 مىڭ توننا گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىدى، 540 مىڭ توننا ئازوت ئوكسىدىنى ئاز قويۇپ بەرگەنگە باراۋەر بولۇپ، ئېنېرگىيە تېپىنى ئۆزگەرتىش ۋە تۆۋەن كاربونلۇق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتى 750 كىلوۋولتلۇق غول تور رامكىسىنى سىجىل كۈچەيتىپ، شىنجاڭنىڭ توكنى سىرتقا يەتكۈزۈش كۆلىمىنى كېڭەيتىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيەسىنى بازارلاشتۇرۇش سودىسىغا تۈرتكە بولۇپ، سالماقنى زورايتىپ يېڭى ئېنېرگىيەنى ئىشلىتىشنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ خىل تەدبىرنى قوللىنىش ئارقىلىق، يېڭى ئېنېرگىيەدىن پايدىلىنىش نىسبىتىنى ئۆستۈرگەن.

«13 - بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىزدا شامال ئېلېكترىدىن ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 605 سائەت كۆپىيىپ، 2176 سائەتكە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 6.7% ئاشقان؛ يورۇقلۇق ئېنېرگىيەسىدىن ئوتتۇرىچە پايدىلىنىش ۋاقتى 393 سائەت كۆپىيىپ، 1438 سائەتكە يېتىپ، يىلىغا ئوتتۇرىچە 6.6% ئاشقان.